ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن بىرتۇتاش تەلىم-تەربىيە قوللانمىسى

باشلانغۇچ 2- يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# التوحيد

# تەۋھىد

## 2- قىسىم

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# باشلانغۇچ 2- يىللىق

# 1- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# مۇندەرىجە


| بۆلەك | دەرس | تېمىلار |
| --- | --- | --- |
| بىرىنچى | بىرىنچى | بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس |
| | ئىككىنچى | ئۈچ ئاساسنىڭ دەلىللىرى |
| ئىككىنچى | بىرىنچى | بىرىنچى ئاساس: بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى |
| | ئىككىنچى | رەببىنى ئالامەتلىرى ۋە مەخلۇقاتلىرى بىلەن تونۇش |
| ئۈچىنچى | بىرىنچى | اللّٰه بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ |
| | ئىككىنچى | ئىبادەت |
| | ئۈچىنچى | يېگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىش |
| | تۆتىنچى | اللّٰه نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش شېرىكتۇر |

# 1- بۆلەك

# بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس

**بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:**

- بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس
- ئۈچ ئاساسنىڭ دەلىلى

# 1- دەرس بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس

## مۇقەددىمە

**مۇھەممەد:** مەن رادىئونىڭ قۇرئان كەرىم قانىلىدا: «رَضِيتُ بِاللَّهِ رَبًّا وَبِالإِسْلَامِ دِينًا وَبِمُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيًّا» «اللّٰه نىڭ رەببىم، ئىسلامنىڭ دىنىم، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرىم بولغانلىقىغا رازى بولدۇم» دېگەن زىكرنى ئاڭلىدىم، بۇ زىكرنى قايسى ۋاقىتتا ئوقۇيمىز؟

**مۇئەللىم:** بۇ، مۇسۇلمان كىشى ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۈچ قېتىم ئوقۇيدىغان زىكرلەرنىڭ قاتارىدىن. ئى باللىرىم! بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ زىكرلەرنىڭ ئىچىدە بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس بار.

**مۇھەممەد:** بەندىگە بىلىش ۋاجىب بولغان ئۈچ ئاساس دېگەن نېمە؟

**مۇئەللىم:** بىز ئۇنى مۇشۇ دەرستە ئۆگىنىمىز.

رەببىم
اللّٰه

دىنىم
ئىسلام

پەيغەمبىرىم
مۇھەممەد ﷺ

# ئۈچ ئاساس

بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى

بەندىنىڭ دىنىنى تونۇشى

بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى

## مەشق

ئۆگەنگىنىڭىزگە ئاساسەن تۆۋەندىكى يۇمىلاقتا سانلارنى يېزىش ئارقىلىق ئۈچ ئاساسنى تەرتىپكە تىزىڭ:

بەندىنىڭ دىنىنى تونۇشى ( )

بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى ( )

بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى ( )

## سوئاللار

1 تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

- ئۈچ ئاساسنىڭ بىرىنچىسى
بەندىنىڭ ................................ تونۇشى؛
- ئۈچ ئاساسنىڭ ئىككىنچىسى
بەندىنىڭ ................................ تونۇشى؛
- ئۈچ ئاساسنىڭ ئۈچىنچىسى
بەندىنىڭ ................................ تونۇشى.

2 (ئا) جەدۋەلدىكى ئىبارىلەر بىلەن (ب) جەدۋەلدىكى مۇناسىپ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى تۇتاشتۇرۇڭ:

| (ئا) | (ب) |
| --- | --- |
| نامازنىڭ سۈپىتىنى تونۇش | بەندىنىڭ رەببىنى تونۇغانلىقى |
| اللّٰه نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىنى تونۇش | بەندىنىڭ دىنىنى تونۇغانلىقى |
| پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تارىخىنى تونۇش | بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇغانلىقى |

2- دەرس

# ئۈچ ئاساسنىڭ دەلىللىرى

## مۇقەددىمە

مۇئەللىم: بىز ئىلگىرىكى دەرستە ئۈچ ئاساسنى ئۆگەنگەن ئىدۇق. ئۇلار:

1. بەندىنىڭ ........................ تونۇشى
2. بەندىنىڭ ........................ تونۇشى
3. بەندىنىڭ ........................ تونۇشى



مۇئەللىم: ئۈچ ئاساسنىڭ دەلىلى نېمە؟

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن:

«اللّه نىڭ رەببى، ئىسلامنىڭ دىنى، مۇھەممەد ﷺ نىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقىغا رازى بولغان كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ» (مۇسلىم رىۋايىتى).

1 يۇمىلاق بىلەن كاتەكنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۇلاڭ.

| | |
|---|---|
| اللّه نىڭ | دىنى |
| ئىسلامنىڭ | پەيغەمبىرى |
| مۇھەممەد ﷺ نىڭ | رەببى |

بولغانلىقىغا رازى بولغان كىشى ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ.

## 2- بۆلەك

# رۇبۇبىيەت تەۋھىدىنىڭ دەلىللىرى

**بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:**

- بىرىنچى ئاساس: بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى
- مەن رەببىمنى ئۇنىڭ ئالامەتلىرىدىن ۋە مەخلۇقاتلىرىدىن تونۇيمەن.

1- دەرس

## بىرىنچى ئاساس:
## بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى




مۇقەددىمە

**مۇئەللىم:** بىزنى كىم ياراتتى؟
**ئوقۇغۇچىلار:**........................................
**مۇئەللىم:** بىزگە كىم رىزىق بەردى؟
**ئوقۇغۇچىلار:**........................................
**مۇئەللىم:** رەببىڭىز كىم؟

رەببىم اللّٰه.
اللّٰه ياراتقۇچىدۇر، اللّٰه مېنى ياراتتى.
اللّٰه رىزىق بەرگۈچىدۇر، اللّٰه ماڭا تۈرلۈك نېئمەتلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى.
اللّٰه پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر؛ بىز اللّٰه نىڭ قۇللىرى شۇڭا اللّٰه تائالاغىلا ئىبادەت قىلىمىز.
اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ رَبِّي وَرَبُّكُمْ فَاعْبُدُوهُ هَذَا صِرَاطٌ مُسْتَقِيمٌ﴾ «اللّٰه ھەقىقەتەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر، سىلەرنىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر». [1]

(1) سۈرە ئال ئىمران 51- ئايەت.

## مەشىق

توغرا جاۋابنى بويايمەن.

### بىرىنچى ئاساس بولسا

بەندىنىڭ رەببىنى تونۇشى

بەندىنىڭ دىنىنى تونۇشى

بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى

## سوئاللار

1 رەببىڭىز كىم؟

2 اللّٰه نىڭ ئىسىملىرىدىن ئۈچىنى ساناپ بېقىڭ:

1) ........................................................

2) ........................................................

3) ........................................................


2- دەرس

# مەن رەببىمنى ئالامەتلىرىدىن ۋە مەخلۇقاتلىرىدىن تونۇيمەن

مۇقەددىمە

ساۋاقداشلىرىم بىلەن اللّٰە نىڭ ئالامەتلىرى ۋە اللّٰە نىڭ كېچە-كۈندۈزدىكى مەخلۇقاتلىرىنىڭ بەزىسىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلگە جۇغلايمەن.





| كېچىدە | كۈندۈزدە |
|---|---|
| | |
| | |
| | |

مەن رەببىمنى كېچە-كۈندۈز، قۇياش، ئاي، تاغ، دەرەخ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلىرىدىن ۋە مەخلۇقاتلىرىدىن تونۇيمەن.

اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ اللَّيْلُ وَالنَّهَارُ وَالشَّمْسُ وَالْقَمَرُ لَا تَسْجُدُوا لِلشَّمْسِ وَلَا لِلْقَمَرِ وَاسْجُدُوا لِلَّهِ الَّذِي خَلَقَهُنَّ إِنْ كُنْتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾[1] «كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي اللّٰە نىڭ (بىرلىكىنى ۋە قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، قۇياشقا سەجدە قىلماڭلار، ئايغىمۇ سەجدە قىلماڭلار، ئۇلارنى ياراتقان اللّٰە قا سەجدە قىلىڭلار، ئەگەر پەقەت اللّٰە قىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار».

(1) سۈرە فۇسسىلەت 37- ئايەت

## مەشىق

تۆۋەندىكى رەسىمدە اللّٰه نىڭ نۇرغۇنلىغان مەخلۇقاتلىرى بىرىلگەن شۇلاردىن ئۈچنى تاللاپ يېزىڭ:



1) ............................................................

2) ............................................................

3) ............................................................

## سوئاللار

1 تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭ:

1 مەن رەببىمنى كېچە بىلەن ............................ ، ............................ بىلەن ئاي، ................... دەرەخ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلىرىدىن ۋە مەخلۇقاتلىرىدىن تونۇيمەن.

2 بۇنىڭ دەلىلى: «كېچە بىلەن كۈندۈز، كۈن بىلەن ئاي ......................................

.................................................................................................

.................................................................................................

.................................................................................................».

# 3- بۆلەك

# ئىبادەت ۋە ئىبادەتكە زىت كېلىدىغان شېرىك

بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:

- اللّٰه بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟
- ئىبادەت
- يېگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىش
- اللّٰه نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش شىرىكتۇر

## 1- دەرس

# اللّٰه بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟

### مۇقەددىمە

خالىد ساياھەتكە باردى. يولدا تاغلار، دەرەخلەر، قۇياش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى كۆرۈپ دادىسىدىن:

– اللّٰه دەرەخلەرنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ – دەپ سورىدى. دادىسى:

– ئۇنىڭ سايىسىدىن، مېۋىلىرىدىن ۋە ياغاچلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، – دېدى. خالىد:

– اللّٰه قۇياشنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ – دەپ سورىغانىدى، دادىسى:

– كاتتا ئىشلار ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ كىشىلەرگە نۇر بولىدۇ، – دېدى. خالىد:

اللّٰه تاغلارنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ – دەپ سورىغانىدى، دادىسى:

– كاتتا ھېكمەت ئۈچۈن ياراتتى. ئۇنىڭ زېمىننى مۇستەھكەم قىلىشى شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر، – دېدى. خالىد:

اللّٰه بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتى؟ – دەپ سورىغانىدى، دادىسى:

– كاتتا ئىش ئۈچۈن، – دەپ جاۋاب بەردى.







**اللّٰه بىزنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. اللّٰه يەككە- يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر.**

بۇنىڭ دەلىلى: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم».[1]

(1) سۈرە زارىيات 56- ئايەت.

سۈرە فاتىھەدە ئىبادەتنىڭ پەقەت اللّٰە قىلا خاس ئىكەنلىكىگە دەلىل بار؛ ئۇ نېمە؟

......................................................................................................

## مەشىق

بوش ئورۇندىكى ھەرپلەرنى ئاستىغا رەتلەپ يازىمەن. ئاندىن جۈملىنى ئوقۇيمەن.

| ن | ە | م | ى | ل | ى | ق | ت | ە | د | ا | ب | ئـ | ا | ق | اَللّٰه | س | ا | خ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |

## سوئاللار

1 اللّٰە بىزنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتتى. اللّٰە يەككە ـ يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر. بۇنىڭغا دەلىل تاللاڭ:

1. اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ «جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰە قا خاستۇر»[1]

2. اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[2]

3. اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئۇ اللّٰە بىردۇر»[3]

(1)سۈرە فاتىھە 2ـ ئايەت.    (2) سۈرە زارىيات 56ـ ئايەت.    (3) سۈرە ئىخلاس 1ـ ئايەت.

# 2- دەرس ئىبادەت

## مۇقەددىمە

مۇھەممەد مەدرىسىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا سەدىقە بەردى. ئۇ كىشى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ياخشىلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. ئۇ ئۆيىگە خۇرسەن بولغان ھالەتتە قايتتى. دادىسى ئۇنىڭدىن خۇرسەنلىكى ھەققىدە سورىغاندى، ئۇ دادىسىغا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. دادىسى:

— قاچانكى مۇسۇلمان اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشنى ئىجرا قىلسا، كۆڭلىدە راھەتلىكنى ۋە خۇرسەنلىكنى تاپىدۇ.— دېگەندى. مۇھەممەد:

— ئى دادا! ئىبادەتنىڭ مەنىسى نىمە؟ دەپ سورىدى.



ئىبادەت دېگەن:

**اللّٰه ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق سۆز ۋە ھەرىكەتلەردۇر.**

## ئىبادەتنىڭ مىساللىرى:

- ناماز ئوقۇش
- اللّٰه نى ياخشى كۆرۈش
- قۇرئان ئوقۇش
- تىللاشنى تەرك ئېتىش
- يالغانچىلىقنى تەرك ئېتىش
- غەيۋەتنى تەرك ئېتىش

### مەشق

باشقا ئىبادەتلەردىن يەنە ئۈچنى يېزىڭ:

..............................

..............................

..............................

## سوئاللار

1 اللّٰه ياخشى كۆرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەرگە «✓» بەلگىسىنى، اللّٰه ياخشى كۆرمەيدىغان سۆز ۋە ئەمەللەرگە«✗» بەلگىسى قويۇڭ:

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش

يالغانچىلىق قىلىش

راستچىل بولۇش

ئوغرىلىق قىلىش

# 3- دەرس يېگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىش

مۇقەددىمە

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ أَرْسَلْنَا نُوحًا إِلَى قَوْمِهِ فَقَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ «شەك-شۈبھىسىزكى، نۇھنى ئۆز قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئۇ: (ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا مەئبۇد <بەرھەق> يوقتۇر) دېدى».[1]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِلَى عَادٍ أَخَاهُمْ هُودًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ «ئاد (قەۋمى) گە ئۇلارنىڭ قېرىندىشى هۇدنى ئەۋەتتۇق. هۇد: (ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا مەئبۇد <بەرھەق> يوقتۇر) دېدى».[2]

اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِلَى ثَمُودَ أَخَاهُمْ صَالِحًا قَالَ يَا قَوْمِ اعْبُدُوا اللَّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُهُ﴾ «سەمۇدقا ئۇلارنىڭ قېرىندىشى سالىھنى (پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق). ئۇ: (ئى قەۋمىم! اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللّٰه تىن باشقا ھېچ مەئبۇد <بەرھەق> يوقتۇر)دېدى».[3]

## پەيغەمبەرلەر ئىتتىپاقلا كەلگەن ئىش قايسى؟

## اللّٰه بۇيرۇغان ئەڭ كاتتا ئەمەل تەۋھىد بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى – يەككە-يېگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشتۇر.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: (اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن <يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا ۋە كاھىنلارغا ئوخشاش اللّٰه تىن باشقا ھەرقانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن> يىراق بولۇڭلار) دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق».[4]

(1) سۈرە ئەئراف 59- ئايەت. (2) سۈرە ئەئراف 65- ئايەت. (3) سۈرە ئەئراف 73- ئايەت. (4) سۈرە نەھل 36- ئايەت.

## مەشىق

بۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنى رەتلەپ يېزىڭ ۋە ئوقۇڭ:

**جە نىە تكە - يېتە كلە يد ۇ - تە ۋ ھد**

.........................................................................................

## سوئاللار

1 تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ:

اللّٰه بۇيرۇغان ئەڭ كاتتا ئىبادەت .............................................

2 تەۋھىدنىڭ مەنىسى نېمە؟

.........................................................................................

.........................................................................................

## 4- دەرس

# اللّٰه نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش شېرىكتۇر

**مۇقەددىمە**

بىز تەۋھىدنىڭ اللّٰه بۇيرىغان ئەڭ كاتتا ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ئۇنداقتا اللّٰه توسقان ئەڭ كاتتا گۇناھ نىمە؟

**شېرىكتىن ئېھتىيات قىلىڭ**

اللّٰه توسقان ئەڭ كاتتا گۇناھ شېرىك بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ

**اللّٰه بىلەن اللّٰه نىڭ غەيرىگە قوشۇپ ئىبادەت قىلىش**

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا﴾ «اللّٰه قا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار».[1]

(1) سۈرە نىسا 36- ئايەت.

# شېرىكنىڭ مىساللىرى:

| | |
|---|---|
| اللّٰە نىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش | ئۆلۈكلەرگە دۇئا قىلىش |

## مەشىق

شېرىككە يەنە ئىككى مىسال يېزىڭ:

| | |
|---|---|
| .................................................. | .................................................. |

## سوئاللار

1 اللّٰە توسقان ئەڭ كاتتا گۇناھ نېمە؟

2 شېرىك دېگەن نېمە؟

3 تۆۋەندىكى مىساللاردىن شېرىكنى تاللاڭ.

1 يالغانچىلىق　2 ھەسەت　3 اللّٰە نىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش

بسم الله الرحمن الرحيم

# باشلانغۇچ 2- يىللىق

## 2- مەۋسۇم ئوقۇشلۇقى

# مۇندەرىجە

| بۆلەك | دەرس | تېمىلار |
|---|---|---|
| تۆتىنچى: بەندىنىڭ دىنىنى ئۆگىنىشى | بىرىنچى | دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرى |
| | ئىككىنچى | دىنىنىڭ ئاساسلىرى |
| | ئۈچىنچى | ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى |
| | تۆتىنچى | ئېھسان |
| بەشىنچى: بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى | بىرىنچى | بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى |
| | ئىككىنچى | اللّه پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟ |
| | ئۈچىنچى | پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش |
| | تۆتىنچى | پەيغەمبەر ﷺ نى ئەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش |
| | بەشىنچى | قۇرئان كەرىم ــ اللّه نىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە چۈشۈرگەن كىتابىدۇر |

## تۆتىنچى بۆلەك


**ئىككىنچى ئاساس: بەندىنىڭ دىنىنى ئۆگىنىشى**

بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:

- دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرى
- ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى
- ئىماننىڭ ئاساسلىرى
- ئېھسان

1- دەرس

# دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرى




## مۇقەددىمە

ئوقۇتقۇچى: سىز ئاۋۋالقى بۆلەكتە ئۈچ ئاساسنى ئۆگەندىڭىز، ئۇنداقتا ئىككىنچى ئاساس نىمە؟

ئوقۇغۇچى: ........................................................

ئوقۇتقۇچى: دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرى بار بولۇپ، بىز ئۇنى بۇ دەرستە ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

ئىسلام دىگەن: اللّٰه نى يەككە-يىگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش.

ئىمان دىگەن: اللّٰه قا، اللّٰه نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ تەقدىردىن ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش.

ئېھسان دىگەن: اللّٰه نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە بىز اللّٰه نى كۆرمىسەكمۇ اللّٰه بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

## مەشق

دىنىنىڭ ھەربىر مەرتىۋىسىنى ئۆزىنىڭ سانىغا تۇتاشتۇرۇڭ:

| | |
|---|---|
| 2 | ئېھسان |
| 3 | ئىسلام |
| 1 | ئىمان |

## سوئاللار

1 دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي مەرتىۋىسى قايسى؟

# 2- دەرس ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

## مۇقەددىمە



ئوقۇتقۇچى: دىنىنىڭ بىرىنچى مەرتىۋەسى قايسى؟

ئوقۇغۇچى: ..............................................

ئوقۇتقۇچى: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قانچە؟

ئوقۇغۇچى: ..............................................

ئوقۇتقۇچى: ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى قايسى؟

## ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

1. اللّٰه تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰه نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش
2. ناماز ئوقۇش
3. زاكات بېرىش
4. رامىزان روزىسى تۇتۇش
5. تاقىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش

## مەشىق

بوش ئورۇننى مۇناسىپ سان ۋە سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇڭ:

# ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى

| ..... | 2 | 3 | ..... | ..... |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| اللّٰە تىن باشقا ھېچبىر ھەقىقىي ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ نىڭ اللّٰە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش | .............. | .............. | رامىزان روزىسى تۇتۇش | تاقىتى يەتسە بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش |

## سوئاللار

1 ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى نېمە؟

1. ............................................. 2. .......................

3. .................... 4. ...................... 5. ............................

3- دەرس

# ئىماننىڭ ئاساسلىرى

6

**مۇقەددىمە**


ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بولغاندەك، ئىماننىڭ ھەم ئاساسلىرى بار.

**ئىماننىڭ ئاساسلىرى**

1. اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرۈش
2. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
3. كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش
4. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش
5. ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش
6. تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش

## مەشق

تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى توغرا جاۋاب بىلەن تولدۇرۇڭ:




## سوئاللار

1. ئىماننىڭ ئاساسلىرى نىمە؟
2. شاھادەت كەلىمىسىدە ئىماننىڭ ئاساسلىرى بار، ئۇنداقتا ئۇ قايسى؟

4- دەرس

# ئېھسان

## مۇقەددىمە

ئوقۇغۇچى تولۇق ۋە توغرا جاۋاب بەرسە، ئوقۇتقۇچى: «ياخشى قىلدىڭ» دەيدۇ. ئۇنداقتا مۇسۇلمانغا ئۆز ئىبادىتىدە قاچان «ياخشى قىلدىڭ ۋە ئېھسان مەرتىۋىسىگە يەتتىڭ» دېيىلىدۇ؟




## ئېھسان

اللّٰه نى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىش، گەرچە اللّٰه نى كۆرمىسەڭمۇ اللّٰه سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «ئېھسان قىلغۇچىلارنى اللّٰه ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ». (سۈرە بەقەرە 195- ئايەت)

ئېھسان دېگەن، مۇسۇلماننىڭ داۋاملىق اللّٰه نىڭ ئۇنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ تۇرۇشى بىلەن بولىدۇ.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «ياخشى ئىش قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىمەن». (سۈرە بەقەرە 195- ئايەت)

## مەشق

تۆۋەندىكى سۆزلەردىن ئىھساننىڭ مەنىسىنى شەكىللەندۈرۈڭ ۋە ئۇنى يېزىڭ.

ئىبادەت قىلىش | كۆرۈپ تۇرغاندەك | اللّٰه نى

ئۇنى كۆرمىسىڭىزمۇ | گەرچە | اللّٰه سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ

..................................................................................................

..................................................................................................

## سوئاللار

1 دىنىنىڭ مەرتىۋىلىرىنى تەرتىپ بىلەن ساناڭ.

1. ..................... 2. ..................... 3. .......................

2 ئىھساننىڭ مەنىسى نىمە ؟

..................................................................................

# بەشىنچى بۆلەك

## ئۈچىنچى ئاساس:

## بەندىنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشى

بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار:

- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى
- اللّٰە پەيغەمبەرلەرنى نىمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟
- پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى ياخشى كۆرۈش
- پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەد ﷺ نى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش
- قۇرئان كەرىم اللّٰە تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە چۈشۈرگەن كىتابىدۇر.

1- دەرس

# مۇھەممەد ﷺ نىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمى

پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ راستچىل، ئىشەنچىلىك كىشىدۇر.

## مۇقەددىمە

ئوقۇتقۇچى: ئۈچ ئاساسنى كىم سۆزلەپ باقىدۇ؟

ئوقۇغۇچى:........................................................................

ئوقۇتقۇچى: پەيغەمبىرىڭىز كىم؟

ئوقۇغۇچى:........................................................................

ئوقۇتقۇچى: بىز بۇ دەرستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتىنى دەرس قىلىمىز.

بىز بۈنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەسەبى، تۇغۇلۇشى، ۋاپاتى، بەزى سۈپەتلىرى، ھىجرىتى ھەمدە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز.

- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەسەبى: ئۇ ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بولۇپ، ئابدۇللاھ بولسا ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى، ئابدۇلمۇتەللىپ ھاشىمنىڭ ئوغلى، ھاشىم قۇرەيش قەبىلىسىدىن، قۇرەيش قەبىلىسى ئەرەب مىللىتىدىن، ئەرەب مىللىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىدۇر.
- پەيغەمبەر ﷺ پىل يىلى مەككىدە تۇغۇلغان.
- قۇرەيش قەبىلىسى پەيغەمبەر ﷺ نى پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى راستچىل، ئىشەنچىلىك كىشى دەپ سۈپەتلەيتتى.
- مۆئمىنلەرگە كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولۇش– پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر.
- اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حَرِيصٌ عَلَيْكُمْ بِالْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَحِيمٌ﴾ «ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر». (سۈرە تەۋبە 128- ئايەت)

- پەيغەمبەر ﷺ مەككىدە ئون يىل اللّٰە نى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلدى ۋە اللّٰە يولىدىكى ئەرزىيەتلەرگە بەرداشلىق بەردى.
- پەيغەمبەر ﷺ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.
- پەيغەمبەر ﷺ ھىجرىيەنىڭ 11- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 12- كۈنى ۋاپات بولدى.
- پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى قىيامەتكىچە قېلىپ قالىدۇ.

## مەشىق

توغرا جاۋابنى بوياڭ:

**پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى**

ئادەم ئەلەيھىسسالام

نۇھ ئەلەيھىسسالام

مۇھەممەد ﷺ

## سوئاللار

1 (ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ سۆزگە تۇتاشتۇرۇڭ.

| (ئا) | (ب) |
| --- | --- |
| پەيغەمبەر ﷺ پىل يىلىدا | ۋاپات بولغان |
| مەككىدىن مەدىنىگە | ھىجرەت قىلغان |
| پەيغەمبەر ﷺ ھىجرىيە 11- يىلى | تۇغۇلغان |

# 2- دەرس اللّٰە پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟

## مۇقەددىمە

ئوقۇتقۇچى: ئىسلامدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئىچىدە اللّٰە بىلەن بىرگە بۇت، دەرەخ، پەرىشتە ۋە سالىھلارغا ئوخشاش اللّٰە نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىدىغانلار بار ئىدى. بۇ ئەمەل نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: بۇ ئەمەل ............................ دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوقۇتقۇچى: كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالدا نېمىگە موھتاج بولىدۇ؟

ئوقۇغۇچى: ..........................................................................................

ئوقۇتقۇچى: اللّٰە پەيغەمبەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتكەن؟

اللّٰە كىشىلەرنى يېگانە اللّٰە قىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشنى تەرك ئېتىشكە چاقىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن.

اللّٰە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەربىر ئۈممەتكە: (اللّٰە قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن <يەنى شەيتانغا، بۇتلارغا ۋە كاھىنلارغا ئوخشاش اللّٰە تىن باشقا ھەرقانداق مەئبۇدقا ئىبادەت قىلىشتىن> يىراق بولۇڭلار) دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق» (سۈرە نەھل 36- ئايەت)

## مەشىق

جۈملىنى توغرا جاۋابقا تۇتاشتۇرۇڭ:

ئىسلامدىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى

شېرىك ئۈستىدە ئىدى | تەۋھىد ئۈستىدە ئىدى

## سوئاللار

1 توغرا جاۋابنى تاللاڭ ۋە ئۇنىڭ سانىنى يۇمىلاقنىڭ ئىچىگە يېزىڭ:

اللّٰه پەيغەمبەرلەرنى ◯

1. كىشىلەرنى يىگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە باشقا نەرسىگە ئىبادەت قىلماسلىققا چاقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.
2. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى.
3. تالاش- تارتىش ۋە ئۇرۇشلارغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

3- دەرس

# پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش

## مۇقەددىمە

كاتتا ساھابە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ» دېگەن سۆزى سەۋەبلىك ساھابىلەرنىڭ خۇش بولغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرىمەن».

مەن پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ﷺ نى ياخشى كۆرىمەن.

- پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش – ھەرقانداق مۇسۇلمان ئەر ۋە ئايالغا ئەڭ كاتتا ۋاجىباتلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.
- پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش بولسا ئۆز نەپسىنى، ئاتا-ئانىسىنى ۋە بارلىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ.
- كىمكى پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرسە ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىدۇ.

## مەشىق

سۆزلەنگەن شەخسلەرنى ياخشى كۆرۈشنى يۇملاقتا مۇناسىپ سانىنى قويۇش ئارقىلىق تەرتىپكە تىزىڭ.

| دادا | دوست | پەيغەمبەر ﷺ |
| --- | --- | --- |
| | | |

## سوئاللار

1 بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

1. پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈشنىڭ ھۆكۈمى .................
...............................

2. پەيغەمبەر ﷺ نى ياخشى كۆرۈش .................. نى ......................... ۋە ...........................ياخشى كۆرۈشتىن ئىلگىرى قىلىندۇ.

4- دەرس

# پەيغەمبەر ﷺ نى تەستىقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش

## مۇقەددىمە

ئوقۇتقۇچى: ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر ئىدى.

ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ سۆزلەپ بەرگەن خەۋەرلەرنى تەستىقلايتتى. ئەبۇ بەكرىنىڭ مەيدانى شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، قۇرەيش قەبىلىسى پەيغەمبەر ﷺ نى ئىسرا ۋە مىئراج قىسسىسىدە يالغانغا چىقارغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نى راست ئېيتتى دېدى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى «سىددىق» دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ مەيدانى شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەت كېچىسى ئۇنىڭدىن كۆرپىسىدە قونۇشنى ۋە ئامانەتلەرنى ئۆز ئەھلىگە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلدى.



- پەيغەمبەر ﷺ سۆزلىگەن خەۋەرلەرنى تەستىقلاش ۋاجىبتۇر.
- پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر.
- پەيغەمبەر ﷺ توسقان نەرسىنى تەرك ئېتىش ۋاجىبتۇر.
- پەيغەمبەر ﷺ يولغا قويغان نەرسىلەر بىلەن اللّٰه قا ئىبادەت قىلىش ۋاجىبتۇر.

## مەشق

(ئا) قۇردىكى ھەربىر ئىبارىنى (ب) قۇردىكى مۇناسىپ سۆزلەرگە تۇتاشتۇرۇڭ.

| (ئا) | (ب) |
|---|---|
| پەيغەمبەر ﷺ توسقان ئىشلارنى | تەستىقلاش ۋاجىبتۇر |
| پەيغەمبەر ﷺ سۆزلىگەن خەۋەرلەرنى | ئىتائەت قىلىش ۋاجىبتۇر |
| پەيغەمبەر ﷺ يولغا قويغان نەرسىلەر بىلەن | تەرك ئېتىش ۋاجىبتۇر |
| پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلارغا | اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشىمىز ۋاجىبتۇر |

## سوئاللار

1 توغرا جاۋابنى تاللاپ، ئۇنىڭ ئاستىغا سىزىڭ:

1. پەيغەمبەر ﷺ سۆزلىگەن خەۋەرلەرنى تەستىقلاش —

ئا: مۇستەھەپتۇر　　　ب: ۋاجىبتۇر

2. پەيغەمبەر ﷺ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئىتائەت قىلىش —

ئا: مۇستەھەپتۇر　　　ب: ۋاجىبتۇر

3. پەيغەمبەر ﷺ توسقان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش —

ئا: ۋاجىبتۇر　　　ب: مۇستەھەپتۇر

# 5- دەرس
# قۇرئان كەرىم اللّٰه تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ غا چۈشۈرگەن كىتابىدۇر

## مۇقەددىمە

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ (1) وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ (2) ﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسىدە نازىل قىلدۇق [1]. قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [2]» (سۈرە قەدىر 1-2 ئايەت)

- قەدىر كېچىسى قايسى ئايدا بولىدۇ؟
- اللّٰه قەدىر كېچىسىدە نېمە نازىل قىلغان؟



## قۇرئان كەرىم

بىز قۇرئان كەرىمنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئېلىپ چۈشكەن اللّٰه نىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىمىز.

ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش بىزگە ۋاجىبتۇر.

مۇسۇلمان قۇرئان ئوقۇشقا، ئۇنى تەپەككۇر قىلىشقا ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك.

اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كِتَابٌ أَنْزَلْنَاهُ إِلَيْكَ مُبَارَكٌ لِيَدَّبَّرُوا آيَاتِهِ وَلِيَتَذَكَّرَ أُولُو الْأَلْبَابِ﴾ «(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر» (سۈرە ساد 29- ئايەت).

## مەشق

قۇرئان كەرىمنى ئۇلۇغلاشنى ۋە ھۆرمەتلەشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مىساللارنى بوياڭ:

قۇرئان ئوقۇغاندا شەيتاندىن پاناھ تىلەش

ئۇنىڭغا سۈكۈتتە تىڭشاش

دانىمۇدانە ئوقۇش

## سوئاللار

1. اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ غا قۇرئان كەرىم بىلەن ئەۋەتكەن پەرىشتە كىم؟

2. قۇرئان كەرىمگە قارىتا بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى مەجبۇرىيەت نېمە؟